# 特别说明

此资料来自豆丁网(http://www.docin.com/)

您现在所看到的文档是使用**下载器**所生成的文档


此文档的原件位于

http://www.docin.com/p-109623541.html

感谢您的支持

抱米花

http://blog.sina.com.cn/lotusbaob



www.docin.com

نەشرگە تەييارلىغۇچى :
ئىبراھىم ئالپ تېكىن

# مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى مەتىلى ئەپەندى ( تەۋپىق )................ ئىبراھىم ئالپ تېكىن 1

دادام مەتىيلى توختاجىنى ئەسلەيمەن......... ئەدىبە مەتىيلى 15

بىر شائىرنىڭ تۈگىمەس ناخشىسى......... مەھبۇبە مەتىيلى 22

چىرىك ..............................1

تەلكە ..............................2

ئوقۇدى ، ئاشتى ..............................3

سايرام كۆلى ..............................5

پارچە ..............................6

پارچە ..............................7

پارچە ..............................8

ھېكمەت ..............................9

سېغىنىش ..............................10

بىز ئۇيغۇرنىڭ بالىلىر ..............................12

بارمىكەن ..............................13

ياغمىدى ..............................15

كەلمىدى ..............................16

قۇياش تۇغقاندا ..............................17

چۇقان ..............................18

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ، ئويلىساڭچۇ..............................19


www.docin.com




تۆزۈم كىچىك ................................. 20
ۋەتەننى دەپ ................................. 21
بۇرادەرلەر ................................. 23
كۆيدۈرمىلى ئاسارەتنى ................................. 24
پارچە ................................. 25
قوشنىمىزنىڭ بالىسى ................................. 26
ئېشەپ كەتتى ................................. 27
قۇتۇلۇش يولىدا ................................. 28
كەلدى ................................. 29
بىز ۋەتەن ياشلىرى ................................. 31
ئالتۇن ئۆلكە ................................. 32
ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن ................................. 33
قوپ ، ئەي ئاداش ! ................................. 34
جاھالەت ................................. 35
ئويغان ، خەلق ................................. 37
بىز مۇئەللىم ................................. 38
ۋەتەن ئۈچۈن ................................. 39
مۇئەللىم ................................. 40
ئەي ئانا يەر ................................. 41
ئىزچىلار ................................. 43
كەلدۈق سالامەت ئايلىنىپ ................................. 45
ئانا ................................. 47
نېمە كېرەك؟ ................................. 49
پارچە ................................. 50


www.docin.com



ئىلتىنجا ........ 51
پارچە ........ 52
بىزنىڭ كۈنىمىز ........ 53
مۇبارەك ۋەتەن ........ 54
تەنقىد ........ 55
قۇتلۇق سەپەر ........ 56
قالمىدى ........ 57
ئەر بولساڭ ........ 58
ئۆز يەر دېگەن ........ 59
مەكتەپ ........ 60
دۈشمەنلىكى سەن ........ 62
ئىسمىڭ نېمە؟ ........ 63
قۇتۇلدۇق ........ 65
باللار ناخشىسى ........ 67
بۈگۈن ........ 69
ئۈمىد ........ 70
سۈت ئۇيقۇدا ........ 71
دوستلار ........ 73
لەنەت ساڭا ، لەنەت خائىنلار ........ 74
تۈرمە خاتىرىسى ........ 76
ئىرپان كۈنلىرى ........ 79
قاينىدى ........ 80
بۇدە كېتەر ........ 81
نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........ 82

www.docin.com

## ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى مەمتىلى ئەپەندى ( تەۋپىق )

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

١٩ ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى كىچىككىنە كەنتتە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ شانلىق خۇش خەۋەرچىسى سۇپىسىدە تۇنجى پەننىي مەكتەپ ــ ئىكساق «ھۈسەينىيە مەكتىپى» ئاپىرىدە بولدى . دەۋرنىڭ تەقەززاسى ۋە خەلقنىڭ مائارىپ ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ تۇنجى ئوتىنى ياققۇچىلار ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوپلاردۇر . ئۇلارنىڭ يوپيورۇق مەشئەلى نەچچە ئەسىر نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ پاتقىقىدا ياتقان خەلقنى ئويغاتتى . تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرى ، تەكلىماكان گىرۋەكلىرى ، ئىلى ـ ئالتاي بوستانلىقى ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى .

بۇ يېڭى مەكتەپ ئۆز زامانىسىغا كۆرە ئىلغار ۋە تەرەققىيپەرۋەر مائارىپ پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، مەرىپەت ۋە ئاقارتىش ئۇرۇقىنى كەڭ كۆلەمدە چېچىش ، ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم ـ ئېرپان نۇرىدا يورۇتۇش ئۈچۈن تار مەھەللىۋى دائىرىدىن ۋە ئەينى دەۋردىكى خىلمۇ خىل توساقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، خەلقنىڭ ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش يولىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان



www.docin.com



ماتارىپ تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇردى . ئاشۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى يېتەكچىلىرىدىن ئابابەكرى ئەپەندى ، كېرىم خەلپىتىم ، تۇرسۇن ئەپەندى ۋە ئەنۋەر ئەپەندى قاتارلىقلار ئاۋانگارت ماتارىپچى ـــ ئاقارتقۇچىلىق رولىنى ئۆتىدى .

قاراقغۇلۇق قاپلىغان ئاشۇ دەۋردە باۋۇدۇن مۇسابايېۋ يەنە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتداشلىرىدىن ئابدۇقادىر داموللام ، قۇتلۇق هاجى شەۋقى ، تەجەللى ۋە خالىس ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەت پېشىۋالىرى باۋۇدۇن مۇسابايېۋقا ھەمنەپەس بولدى . كۆمۈلۈپ قالغان مەرىپەت ئورۇقى قايتىدىن بىخلاندى ، شۇنىڭ بىلەن 2 ـ قېتىملىق ماتارىپ ھەرىكىتى باشلاندى .

ئابدۇقادىر داموللام كۆپ تەرەپلىمە مەلۇماتلىق ئالىم ۋە يېتۈك تىلشۇناس بولۇپ ، ئۇيغۇر يېڭى ماتارىپى ئۈچۈن نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاز بولمىغان ئەجىر سىڭدۈردى . ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى كەڭ يېيىلدى ، ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى . ئۇ ئادالەت ياقلاش يولىدا خەلقىنىڭ تىلى بولۇپ قالغانىدى . 1924 ـ يىلى ھاۋا زىيادە ئىسسىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەرنىڭ ئاسمىنىدا ماتەم ناخشىسى ياڭرىدى . بۇ كۈنى ئۇيغۇر يېڭى ماتارىپى ئۈچۈن هارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغان ئوغلان ـــ ئابدۇقادىر داموللام بىر



www.docin.com



قانخور قاتىل تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغانىدى . ھېچقانداق كۈچ باش ئەگدۈرەلمىگەن بۇ كىڭكانت ئادەم مەھەللىۋى ئەكسىيەتچىلەر ، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلەر ۋە ھەسەتخورلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى .

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ دېموكراتىك ئويغىنىش دەۋرىگە ئومۇميۈزلۈك قەدەم قويدى . ۋەتەن سۆيەر ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ ، مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەت مەشئەللىرىنى ياقتى . ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ، ئۇلۇغ مائارىپچى ، تالانتلىق تەشكىلاتچى ، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە دېموكراتىك شائىر مەمتىلى ئەپەندى ( تەۋپىق ) ئىدى .

مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك يېتىشكەن تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ ، ئائىلىسى مەرىپەتنى ، ئىلىم ـ پەننى ھىمايە قىلغۇچى ئائىلە ئىدى . مەمتىلى ئەپەندى دۇنياغا كۆز ئاچقان يىللار ھەممە يەرنى زۇلۇم قاپلىغان ، ئىستىبدات چەككە چىققان، خەلق نادانلىق ۋە قالاقلىق قوينىدا ئېغىر ھالسىراۋاتقان قاراڭغۇ دەۋر بولغاچقا ، توختاجى تېۋىپ ئوغلىنىڭمۇ نادان ، قالاق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن كۆدەك مەمتىلىنى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ



«ھۆسەينىيە مەكتىپى»گە ئوقۇشقا بېرىدۇ ①
يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش ، ئۇستازلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار دۇنيا قاراش شەكىللەن-دۇرۇشىدە ئۆرتكىلىك رول ئوينىدى . مەمتىلى ئەپەندى «ھۆ-سەينىيە» مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن 1920 ـ ، 1921 ـ يىللىرى دادىسى توختاجى بىلەن بىرگە ئىلى ، بورتالا ۋە چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ . ئۇ يەرلەردە كۆزى تې-خىمۇ ئېچىلىپ جاھالەت ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تۈردە ئۇچرىشىدۇ ؛ تېخىمۇ ئىرىشىپ ئۆگىنىپ ، كەڭ دائىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، خەلقنى بىلىم بىلەن ئويغىتىش ئىرادىسىنى تىكلەيدۇ . ئۇ چۆچەكتە كۆپ تە-رەپلىمە مەلۇماتلىق دىنىي زات ، مەرىپەت ئوغلانى مۇرات ئەپەندى② بىلەن تونۇشۇپ ئۇنى ئۇستاز تۇتىدۇ . مۇرات ئەپەندىنىڭ ياشلىق غۇرۇرى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋە مەرىپەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان بۇ جاسارەتلىك يىگىتكە مېھرى چۈشۈپ قالىدۇ ھەم ئۇنى تەربىيە-لەيدۇ .
1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلى-قىنى ئاڭلىغان مەمتىلى ئەپەندى چەكسىز قايغۇ ـ ئەلەمدە «ئوقۇدى ، ئاشتى» دېگەن شېئىرىنى يازىدۇ :

ئوقۇدى ـ ئاشنى باشقىلار بىزدىن ، ئەي قەدىردانلار ،
كۆركەمچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قايىنار ۋىجدانلار .
ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلىۇر باشقا مىللەتلەر ،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا ، ئويلا ئۇممەتلەر .

بۇ شېئىر كىشىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ، تام ـ تاملارغا چاپلىنىپ كېتىدۇ . خەلق مەمتىلى ئەپەندىنى تېخىمۇ تونۇيدۇ . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۆچەك تەۋەسىدىكى تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىننىڭ مارالچىلىرى ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز نازارەت قىلىدۇ . تەقىپ ئىچىدە قالغان ياش شائىر ئۇستازى مۇرات ئەپەندىنىڭ سەمىمىي ئاتىدارچىلىقى بىلەن 1926 ـ يىلى بىر كېچىدە چېگرىدىن چىقىپ كېتىدۇ . يات ئەللەردىكى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ .

ئۇ شۇ ماڭغانچە ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي شەھىرىگە بارىدۇ . ئۇ يەردە بىر مەزگىل ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى ــ تاشكەنتكە بارىدۇ . مەمتىلى ئەپەندى تاشكەنتتە ئاشخانا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئىشلەيدۇ . ئاتۇش ۋە قەشقەردىن چىقىپ كەتكەن ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سىرداشىدۇ . ئوقۇش

ئارزۇسى كۈچلۈك مەمتىلى ئەپەندى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئەينى ۋاقىتتا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ئەسىرىدە مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنىڭ بۇيەردىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى هېس قىلىدۇ .

زور بېسىم ۋە مەنىۋى موھتاجلىقتا دۇچ كەلگەن مەمتىلى ئەپەندى داۋاملىق ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن تۈركىيىگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ كاۋكازغا قاراپ يول ئالىدۇ . ئۇ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى مىڭبىر مۇشەققەتتە بېسىپ ئۆتۈپ ، 1928 ـ يىلى يازدا بىر ئاق كۆڭۈل تۈرك قېرىندىشىنىڭ ياردىمى بىلەن قىرىم ئارىلى ئارقىلىق ئىستانبولغا بارىدۇ .

مەمتىلى ئەپەندى 1920 ـ يىلى ئاتۇشتىن چىقىپ كەتكەندىن تارتىپ تاكى ئىستانبولغا يېتىپ بارغۇچە بولغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە هاياتىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز جاپا ـ مۇشەققىتىنى تارتىدۇ ، هەر خىل ئىدىيە ـ ئېقىملار بىلەن ئۇچرىشىدۇ ، خىلمۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ ، دېمەك ئۇ ئوتتۇز ياشقا قەدەم قويغۇچە پىشىپ يېتىلگەن بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ .

ئۇ تۈركىيىگە يېتىپ كەلگەن يىللىرى ، تۈركىيىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى يېڭىلىنىپ ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىپ ، ئىقتىسادى كۈچىيىپ ، تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىشىپ

www.docin.com



تەرەققىي تاپقان ئەلگە ئايلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى .

ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبولدىكى بىر دارىلمۇ-
ئەللىمىندە ئىشچى ، كېيىن شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ
قالىدۇ . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئويلاپ
كەلگەن ئارزۇسى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاخىر ئەمەلگە
ئاشىدۇ . ئۇ بۇ ئىلىم بۆشۈكىدە مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە كلاسسىك
شائىرلاردىن نەۋائىي ، فارابى ، ئىبن سىنا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەر-
لىرى بىلەن تونۇشىدۇ . سالجۇق تۈركلىرىنىڭ تارىخىدىن خە-
ۋەردار بولىدۇ . ئۇ بۇ جەرياندا تارىخ ، پەلسەپە ، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا
ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ . يېڭى مەزمۇندىكى غەزەللەرنى ئى-
جاد قىلىدۇ ، قىسقا ماقالىلەرنى يېزىپ تۈركىيە گېزىتلىرىدە ئېلان
قىلدۇرىدۇ . 1929 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل-
لىق ئوقۇش جەريانىدا ، مەمتىلى ئەپەندى ھەقىقىي بىر لاياقەتلىك
ئوقۇتقۇچىغا خاس سالاھىيەتنى ھازىرلايدۇ .

ئۇ تۈركىيە گېزىتلىرىدە كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنى-
ۋاتقان شىنجاڭ ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرىدۇ . خەلقىنىڭ تەق-
دىرى ، يۇرتىنىڭ ئىستىقبالىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان
مەمتىلى ئەپەندى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭ تەۋەسىگە ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۆۋەندىكى پارچىنى يا-

www.docin.com



زىندۇ :

ئاڭلىدۇق ئەي ئانا دىيار سېنىڭدىن چۇقان ،
پارتلىدى زالىملارغا قارشى ۋولقان .
پاچاقلاشقا قۇللۇق كىشەن ــ زەنجىرىنى ،
ئالغا ، ئارتقا قايتما جەڭدىن باتۇر ئىنسان .

مەمتىلى ئەپەندى يۇرتىغا دەرھال قايتىش قارارىغا كېلىپ خەلقنى نادانلىق ، قاششاقلىق ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئا- قارتىش ئېلىپ بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە يۇرتىغا ئاخىر قايتىپ كېلىدۇ .

ئۇ بىر يېتىشكەن مەرىپەتچى سۈپىتىدە خەلق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ ، مەرىپەت ۋە ئىلىم ـ ئېرپان ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى . بۇ تەشۋىقاتتا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى پائال ۋە ئاكتىپ رول ئوينىدى ، ئەلۋەتتە . دېداكتىك شېئىرلار مەيدانغا كەلدى ، ناخشىلار ياڭراپ خەلق قەلبىنى لەرزىگە سالدى . شۇنىڭ بىلەن يېڭى مائارىپ ھەرىكەتلىرى ۋە 3 ـ قېتىملىق مائارىپ دولقۇنى ئاتۇشتا يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى . مەمتىلى ئەپەندى بۇ جەھەتتە ئاكتىپ تەشكىللىگۈچى ۋە پائالىيەتچى بولدى .

ئۇ تەشكىل قىلغان « ئىنىچىلار ئەترىتى » زۇلمەت دۇنيانى يورۇتقۇچى بىر مەشئەل بولۇپ ياندى . بۇ مەشئەل دىنىي چەكلىمە ،

www.docin.com



فېئودال تەرتىپ ۋە زوراۋان كۈچلەرنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان بولسىمۇ ئۆچۈپ قالمىدى . مەمتىلى ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ :

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز ،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز .

تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق ،
ئىلىم ـ ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق .

مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە 24 باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىپ ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى . ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى . ئۇ قۇرغان مەكتەپلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ، ئاتۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلاش ، ئاقارتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى .

شائىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە ناخشا تېكىستلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇنىڭ يېزىپ ئاھاڭغا سېلىنىشى بىلەن « بىز مۇئەللىم » ، « ۋەتەن ئۈچۈن » ، « قۇتۇلۇش يولىدا » ، « مۇبارەك ۋەتەن » ، « ئويغان خەلق » ،

www.docin.com



« قوزغۇلدۇق » ، « بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى » ، « ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن » ، « بىز ۋەتەن ياشلىرى » ، « ئەي ئانا يەر » ، « ئېرىپان كۆڭلىرى » ، « ئەي ۋەتەن خەلق » ، « بۇرادەرلەر » ، « ئالتۇن ئۆلكە » ، « قۇياش تۇغقاندا » ، « باھار كەلدى » ، « ئىزچىلار مارشى » قاتارلىق ناخشىلار مەيدانغا كەلگەن ۋە تارقالغان ئىدى ③. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى « ئويغان خەلق » ، « ئىزچىلار مارشى » ناملىق ناخشىلار شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرى بولۇپ ، ئەينى چاغدا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان ئىدى .

شائىر « ئويغان خەلق » دېگەن شېئىرىدا خەلقنىڭ ئويغىنىشىدا مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ :

ئويغان خەلق ، يۇرتۇڭنى سەن قوزغۇلدۇر ،
مەكتەپ ئېچىپ چىراغ ياققىن نۇر تولدۇر .

يوقسۇن ئەمدى زۇلمەت ، دەۋرى ئىستىبدات ،
شۇم تەقدىردىن ، قارا كۈندىن بول ئازاد .

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش ، ھىممەت قىل ،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل .

دىس نۇر ئەمدى ، ئاتلان خىزمەت يولىغا ،

ھۆما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد بېشىغا .

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دۇنيا قارىشى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ ، پۈتۈن زېھنىنى كۈچى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىجادىيەت ئېلىپ باردى . رېئاللىق ، جەمئىيەت تەسىرى ، پاسسىپ سىياسەت ۋە خەلقنىڭ ئاھۇ زارى شائىردا ئاجايىپ تۇيغۇ پەيدا قىلدى . بۇ ھال ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يېڭى ھەم ئىلغار شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولدى . ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە غايىسى ئاجايىپ چىن ۋە يارقىن ئەكس ئېتىدۇ .

مەلۇمكى ، شەخسنىڭ تارىختىكى رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . ئۆز دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ، ئىنتىلىشلىرىنى ھەقىقىي ، توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە پۈتۈن ھاياتىدا خەلقتىن ئوزۇق ئېلىپ ، خەلققە قايتۇرغان شەخسلەرلا ھەقىقىي قەھرىمان ئوبرازى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ ، بۇنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى مەمتىلى ئەپەندىدۇر .

www.docin.com

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 1935 - يىلدىن كېيىن ئىككى يىل جەريانىدا يازغان « ئېشىپ كەتتى » ، « تۈرمە ناخشىسى » ، « قايىندى » ، « مۇئەللىم » ، « بۇدە كېتەر » قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، خەلقنىڭ ئەتىسى ۋە گۈزەل كېلىچىكى ئۈچۈن

زوراۋان ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

مەمتىلى ئەپەندى 1935 ـ يىلى يازدا ئوخشاش فورما كىيگەن يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ يەنە « ئىزچىلار ئەترىتى » تەشكىللەپ ، ئۆزى باش بولۇپ ، مارش ۋە ناخشىلارنى ئېيتىپ يېزا ـ ئاۋات ، توققۇزاق ، ئوپال ، تاشمىلىق ، يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، يېڭى مائارىپ ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ جەڭگىۋار ھەرىكىتى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان قوماندان ۋە مەرىپەتپەرۋەر زات مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىدۇ . مەھمۇت مۇھىتى مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە قىلىۋاتقان تىل ـ ھاقارەت ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىككى ئەسكەر قېتىپ بېرىدۇ ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپ پائالىيەتلىرىنى قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ .

تالانتلىق ، ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى ئەپەندى نۇرغۇن شېئىرلار بىلەن بىرگە « يانار تاغلار » سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىملىك داستاننى يېزىپ تاماملايدۇ[4] . مائارىپ خىزمىتىنى ئەڭ مۇقەددەس خىزمەت دەپ چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھارماي ـ تالماي كۆيۈپ ـ پىشىپ ، ئەجىر سىڭدۈرگەن



www.docin.com

مەمتىلى ئەپەندى ئاخىر ئۆزى ئاللىۋالغان توغرا يولى ئۈچۈن ياش هاياتىدىن ئايرىلدۇ — مەرىپەت دۈشمەنلىرى ئۇنى دەرسخانا مۇنبىرىدىن تۇتۇپ كېتىدۇ. 37 ـ يىلى 30 ـ ماي كۈنى ئۇ شىڭ شىسەي هاكىمىيىتىنىڭ ژاندارمىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە قەتلە قىلىنىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، تىز پۈكمەس ئىرادىسى ۋە قەيسەرانە روھىنى نامايان قىلىدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ:

ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۈندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ تارىختا ئۆچمەس ماتارىپ پائالىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ماتارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىز ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ مەشھۇر ۋەكىلىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەيمىز، ئۇ خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ هايات.

1998 ـ يىلى دېكابىر

---

① ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر»،

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 1 ـ نەشرى 350 ـ بەت

②مۇرات ئەپەندى — 1920 ـ يىللىرى چۆچەكتە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان تەرەققىيپەرۋەر تاتار ئالىمى ۋە دىنىي مۇتەپەككۇر.

③ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى 352 ـ بەت

④كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچى، 30 ـ يىللاردىكى «ئىزچىلار ئەترىتى» نىڭ ئىزچىسى ئالاۋۇددىن ئەپەندى مەتىلى ئەپەندىنىڭ «يانار تاغلار» داستانىنى يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەپسۇس بۇ داستان بىزگە تا ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىدى.





## چىرىك*

قەشقەرگە ۋابا تەگدى ،
قالدى سۇسىز ئېرىق .
زۇلمەت يېپىنچا بولدى ،
چىرايلار زەپىرەڭ سېرىق .

كەڭتاشا ماگغىلى بولماس ،
هەر جايدا يىرتقۇچ چىرىك .
ئاچ – زارلىق قاپلىدى ئەلنى ،
يېكۈدەك قالمىدى تېرىق .

باج – ئالۋان ئېغىر بولدى ،
بوغۇلدى نەپەسلەر – تىنىق .
دۇمبىلەر يېغىر بولدى ،
كۆردۈڭمۇ بۇنى تەۋپىق ؟

خۇدانىڭ رەھمىتى كېلەر
چىرايلار بولىدۇ ئىللىق .
... ... ...

1920 – يىلى ، ماي

---

*بۇ شېئىرنى مەرهۇم ماتارىپچى ئىمىنجان تۇرسۇن ئېيتىپ بەرگەن .

www.docin.com

## تەلكە *

تەلكە تاغلىرى مانا ،
يوللىرىدا ئادەم يوق .
قارىغايلىرى كېسىلگەن ،
ھەممە يېرى قۇپقۇرۇق .

تەلكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ،
سايرام كۆلىگە باقتىم .
سايرامنىڭ ھالى خاراب ،
كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم .



---

* بۇ شېئىرنى مەتنلى ئېيندىنىڭ قىزى ئەدىبە خانىم ئېيتىپ بەرگەن .
يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .



www.docin.com



## ئوقۇدى ، ئاشتى * ...

ئوقۇدى ، ئاشتى باشقىلار بىزدىن ، ئەي قېرىنداشلار ،
كۆركەمچىكە ئۆلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قاينار ۋىجدانلار .

ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلار باشقا مىللەتلەر ،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا ، ئويلا ئۇممەتلەر .

تۆكتىمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار ،
ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتقاي بىزنىڭ زالىملار .

رىشۋە① بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمسىز چاپارلەر ،
بېشىدا سەللە ، قولىدا تەسۋى ، ھەقتىن قاچارلەر .

ئويلاڭلار ! زاكات ـ ئۇسقات كىملەرنىڭ ھەققى ، كىملەر ئالۇرلەر ؟
نى ـ نى خىيانەتلەر ھەيۋەت تون ئىچرە پىنھان قالۇرلەر .

مۇيەسسەر بولدىلەر باشقا ئەللەرگە ئانچە ھېكمەتلەر ،
ئەمىلىكە قارىتا بەردى ئاللاھ شانۇ شەۋكەتلەر .

www.docin.com

ئوقۇيمىز ـ بىلمەيمىز ، لىسانۇ ئەرەب مۇشكۇل تىلى بىزگە ،
يادىكار قالغان يوق بىر نوچكا ھېكمەت ئۇلاردىن بىزگە .

قەشقەردە يېتىملەر ھامىمام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر ،
تەربىيىسىز ، ھوشۇق ئويناپ ، نەشە تارتۇرلەر .

مەرھۇمى داموللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر ،
گۇناھى نېمە ؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر .

1924 ـيىلى ، چۆچەك



---

* ۋساماان يولىدە : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل ، 1 ـ نەشرى ، 140 ـ بەت .

① رىشۋە ـــ رىشۋەت ، پارە

www.docin.com

# سايرام كۆلى*

سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك ، دەردىڭ تولا ،
داۋالغۇيسەن ، ساھىللاردىن تاشالمايسەن .
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار ،
ئۆمتۈلسەن ، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن .

1921 ـ يىلى ، بورتالا



* «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 97 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى .

## پارچە *

ئالەم زۇلمەت ئەمەس زامان زۇلمەت ،
دۇشمەنلەرنىڭ قولىدا رەزىل سىياسەت .
ئويغىنىشنىڭ يولىغا توساقلار قۇرغان ،
خورلۇق كىشەن ـ زەنجىرىدىن بېرىپ رىيازەت .

1924 ـ يىلى ، چۆچەك



* ئۇشبۇ پارچىنى ئالاۋۇدۇن شائۇدۇن 1935 ـ يىلى دوستى ساۋۇت ئەپەندىدىن ئاڭلىغان . ئۇنى مەتىلى ئەپەندىنىڭ يازغانلىقىنى جەزم قىلالايدۇ .

## پارچە*

يۈرمە ئەي دوستۇم ، ئاسمىنىڭدىن ۋاپا ئىزدەپ ،
قۇزغۇنلار قاينىغان باغدىن ناۋا ئىزدەپ .
يۈرمە نائەھلىلەر قولىدىن داۋا ئىزدەپ ،
يۈرمە نادانلار قەلبىدىن سادا ئىزدەپ .

1924 ـ يىلى



www.docin.com

---

* بۇ پارچىنى ئەدىبە خانىم ئېيتىپ بەرگەن .

## پارچە*

ئېشەكنى كالتەكلەپ قىلساڭ ھاقارەت ،
بۇ ئاچچىق ئازابقا چىدىماس ئەبەت .
شۇنداق كۆپ ئادەملەر باركەن جاھاندا ،
باشتىكى خورلۇقنى بىلمەسكەن پەقەت .

1924 ـ يىلى ، چۆچەك



www.docin.com

---

* بۇ پارچىنى ئەدىبە خانىم ئېيتىپ بەرگەن .

# ھېكمەت

قارا دىلىڭنى ئويغاتقۇچى ھېكمەت ،
ۋىجدان ــ غۇرۇرنى قوزغاتقۇچى ھېكمەت .

نەلەر باقساڭ ئۇ ھەمراھ بولەر ،
ھايات يولۇڭدا يىقىلساڭ يۆلەر .

قىسمىتىڭنى تۈزلەيدۇ ھېكمەت ،
ئۈنىڭ ئۈچۈن ئىلىسەڭ ھىممەت .

ھېكمەت بىرلە بولۇر ئۆلكىمىز ئازات ،
تۇرمۇشى مەئىشەت ئىرۇر ، خەلق باياشات .

ئۆگەن ، تىرىش ، ئىلىم ئال ئوغۇل ،
ئۇ بىھىشكە باشلىغان بىر يول .

1930 ــ يىلى ، تۈركىيە



www.docin.com

## سېغىنىش *

ئانا يۇرتتىن كەتتىم يىراققا ، يۇردۇم يىراقتا غەمدە مەن ،
يېگۇدەك ئاش ـ نان قېنى ، ئىسسىق ـ سوغۇقتا دەگدىمەن .

قالدى ئەل ـ يۇرت ، قالدى تارىم ، قالدى ئىلى ، زەرەپشان ،
ئۇشبۇ ۋەتەن غېمىدە كۆڭلۇم مېنىڭ پەرىشان .

نەگە بارسام كەمسىتىش ، « ۋەتەنسىز » دەپ سانالدىم ،
تۇتقۇن بولۇپ ھەر جايدا تۈرمىلەرگە قامالدىم .

ۋىجدانى ھەم ئىمانى يوق بەگ ، غوجام ھەر جايدا بار ،
قاغا ، قۇزغۇن خان ۋەتەندە ، يازدىمۇ بولماس باھار .

كۆز يېشىم يامغۇر بولۇپ ئاقار كۈندە توختىماي ،
بۇلاڭ ـ تالاڭ بولغان ۋەتەنگە مەن تەۋپىق ① قانداق چىداي ؟

ئېھ ۋەتىنىم ، غەمگۇزارىم ـ مېھرىبانىم ئانا يەر ،
ئالىمىدە تەڭداشسىز شەرقنىڭ بىر گۆھەر .

www.docin.com

ھەر كۆنۈلۈك ئۆتتى بەختسىز بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتە ،
پەن ـ بىلىمنى تەرك ئېتىپ ياتتىڭ ئۇيقۇ ـ غەپلەتتە .

ئىس ـ ئۆتەڭ ئىچرە قالدى— ئەل ۋەتەن ھالى خاراب ،
پەرز ئەمەس ناخشا ـ ساز بىزگە، سانار ، سۇناي ، دۇتار ـ راۋاب .

ئېھ ، ۋەتىنىم بايلىقىم ، كۆڭۈل شادى بايلىقىم ،
سەن ئۈچۈن پىدا ئوغۇلمەن ، تەقدىم ساڭا بارلىقىم .



www.docin.com

---

• بۇ شېئىرنى ئابدۇقادىر توختى ئەپەندى ئېيتىپ بەرگەن . 1930 ـ يىللاردا چەت ئەلدە يازغان بولۇشى مۇمكىن .

① تەۋپىق ـ توغرا يولنى تاللىغۇچى دېگەن مەنىدە .



## بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى

بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى كۆڭلىمىز نۇرلۇق ،
بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق هايات يولىمىز ئۇلۇق .

كۆپ زامانلار سەرسان بولدۇق زالىم قولىدا ،
دەريا ــ دەريا قانلار تۆكتۇق ئەرك يولىدا .

بىزگە گويا دوزاخ بولدى بۇ ئانا ماكان ،
ئەسىر بولدۇق ، ئۆتقۇن بولدۇق هالىمىز يامان .

كۆرمىش بىلەن ئۆتتى ئەسىر ، شانىمىز ئۇلۇق ،
بىزگە ئەمدى ياراشمايدۇ خارلىق ۋە قۇللۇق .

1930 ــ يىلى ، تۈركىيە ، ئىستانبۇل

www.docin.com

## بارمىكەن

ۋەتەنداشلار ، قېرىنداشلار ئەل ۋەتەندىن ئايرىلىپ ،
ئەمدىلا بولغان ئۆچۈرما سۆلدى قاناتلار قايرىلىپ .

نېمە كۈن بولدى ۋەتەنگە ؟ ھەممە يەردە دەرد ـ ئەلەم ،
خانىش كەبى ئاي جامالىم قۇل ـ دېدەك بولدى سەنەم .

مەن پېقىر مەشرەپ كەبى يۇرتۇم يىراقتا دەگدە مەن ،
ئېھ ، غېرىب مىسكىن ۋەتەن ، مەن سېنىڭ دەردىڭدە مەن .

قارا دېگىز ① ساھىلىدا قىسمىتىڭنى ئاڭلىدىم ،
دىلنى پەندە تولدۇرۇپ ئوت كەبى لاۋۇلدىدىم .

قەدىمىم يەتتى ۋەتەنگە ، شۇنچە يىراق مەنزىل بېسىپ ،
سۆزلىمەك بۇرچۇم مېنىڭ ئەل ئالدىدا كەسكىن كېسىپ .

بارمىكەن ئاركاداشلار ، بارمىكەن پىداكىلەر ،
باغلىدىم بەلنى بىلىمدە ، ئاشسۇن ئەملگە غايىلەر !

تويلىنايلى ، جۇر بولايلى ، ئەي ۋەتەن دۇلدۇللىرى ،
يەڭنى تۇرگەن ، كۆكنى تىرىگەن قىزلىرى ، ئوغۇللىرى .

1933 _ يىلى



---

① قارادېڭىز ــ ئىستانبۇل يېنىدىكى دېڭىزنى دېمەكچى .



www. .com



## ياغمىدى *

قاغجىراپ كەتتى زېمىن ئاسماندىن قار ياغمىدى ،
تونگلىدى جانلىق تامام ئەلگە باھار ياغمىدى .

شىبك ① دېگەننىڭ نەشتىرى تەگدى جانغا سوغ كەبى ،
ھەممە يەر كەتتى قۇرۇپ سۆيگۈ زىنھار ياغمىدى .

سۆيگۈسىز قالدى زېمىن ، يوقالدى ھەممە ئىس بولۇپ ،
ئىس ـ تۇتەك ئىچرە ۋەتەن ، ئاگا بىر يار ياغمىدى .

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ياش تۆكۈش ھاجەت ئەمەس ،
دات بىسەپ كەتكەن قىلىچتىن دۈشمەنگە ئازار ياغمىدى .

... ... ... ... ... ... ... ...
... ... ... ... ... ... ... ...

1933 ـ يىلى

---

* بۇ شېئىر ئەسلى ئون نەچچە كۇپلېت بولۇپ ، ئىزچى ئەسلەپ بېرەلمىگەن .
① شىبك ـــ جاللات شىبك شىسەيىنى دېمەكچى .

www.docin.com



## كەلمىدى *

تەلمۈرۈپ كۈتتۈم نىگارنى ، بۇ يەرگە نىگار كەلمىدى ،
كۆڭلى ئاق ، تېنى ئىپار ، قەلبى باھار كەلمىدى .

ئىزدىسەم كۆككە بېقىپ زوھرە يۇلتۇزۇم قېنى ،
ماتۇق بولۇت ئىچرە پەرى ، شاد روزىغار كەلمىدى .

كارۋىنىم قىلسا سەپەر غەرب  تامان قوقانىگە ،
كۆزلىرىم ئارقامدا قالدى ، خۇش ئىنتىزار كەلمىدى .

ئاپىرىدىم ئالەم كېزىپ كۆڭلۈمگە ھەمراھ بىر پەرى ،
ھۆر گۈلىدىن گۈل تىزىپ ، قاشىمغا ئۈز يار كەلمىدى .

بۇ زېمىنىنىڭ تۇپرىقى شور ، سۇلىرى كەتتى سېسىپ ،
بار قەلبىمدە دەرد ـ ئەلەم ، كۆڭۈلگە ئىسرار  كەلمىدى .

مەن يۈرۈپ چۆللەر ئارا يارىمنى ھەر يان ئىستىدىم ،
ۋە لېكىن قالدىم يىراقتا ، روخسى گۈلنار كەلمىدى .

1933 ـ يىل

---

* بۇ شېئىرنى غۇلجا شەھەر شەرق مەھەللىسىدىكى ئابدۇقادىر داموللام 1995 ـ يىلى يازدا ياد ئېيتىپ بەرگەن . ئابدۇقادىر داموللام ئەسلى ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇ 1924 ـ يىلى دادىسى قەستكە ئۇچرىغان يىلى تۇغۇلغان .



www.docin.com

## قۇياش تۇغقاندا*

تۇغدى قۇياش ، چاچتى نۇر يۇرتىمىز تاغۇ تاشىگە ،
ئۇنىڭ ئىللىقى يەتتى مەزلۇم خەلق باشىگە .

قۇياش نۇرى يورۇتقان ئىنقىلابنىڭ گۈلى بىز ،
يۇرتىمىزگە چېچىلغان ئىلىم ـ ئېرپان نۇرى بىز .

يوللىرىمىز ئېچىلدى باسىمىز غالىپ قەدەم ،
يورۇق كۈندىن نۇر ئېلىپ ، نۇر چاچىمىز دەممۇ دەم .

1933 ـ يىل



---


* « سامان يولى » : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زېرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 146 ـ بەت .


www.docin.com

## چۇقان

ئاڭلىدۇق ئەي ئانا دىيار سىنىڭدىن چۇقان ،
پارتلىدى زالىملارغا قارشى ۋولقان .
پاچاقلاشقا قۇللۇق كىشەن –زەنجىرىنى ،
ئالغا ،
ئارتقا قايتما جەڭدىن باتۇر ئىنسان .

1933 – يىلى ، فېۋرال



## سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ، ئويلىساڭچۇ ؟

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ، ئويلىساڭچۇ ،
ئىززىتىڭ ، ھۆرمىتىڭ كەم بولۇرمۇ ؟
كۆكرىكىڭدىن يېنىپ تۇرمىسا ئوتلىرىڭ ،
ئەللىرىڭ ، يۇرتلىرىڭ نۇر بولارمۇ ؟

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ؟ ئويلىساڭچۇ ،
ئىززىتىڭ ، ھۆرمىتىڭ كەم بولارمۇ ؟
تىغ ئېلىپ ، ئاتلىنىپ جەڭ قىلمىساڭ ،
يۇرتلىرىڭ ، خەلقلىرىڭ ھۆر بولارمۇ ؟

1933 ـ يىلى ، قەشقەر


www.docin.com



## ئۆزۈم كىچىك*

ئۆزۈم كىچىك ، سۆزۈم چۈچۈك ،
مەن بىر ئېچىلغان نازۇك چېچەك .
ئوقۇمىغانلار پۇچەك ـ پۇچەك ،
ئۇنىڭ ئۆتى دائىم ئۆچەك .

مەن بىر كىچىك ئۇيغۇر ئوغلىمەن ،
بەك توغرا مەن ، بەك توغرا مەن .
مەكتەپلىكمەن يۈزۈم پارلاق ،
ئەخلاقسىزلىق مەندىن يىراق .



---

* بۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

## ۋەتەننى دەپ *

ۋەتەننى دەپ ، ئەلنى دەپ ،
چەكتىم پىغان ھەسرەتلەر .
مەكتەپ ئاچسام يۇرتۇمدا ،
ياغدى باشقا لەنەتلەر .

كۆڭلى قارا ، زەھەرلەر ،
پاسىق سۆڭەك غالچىلار .
توساق قۇردى يولۇمغا ،
ئىشان ، داخان ، پالچىلار .

سەللە يوغان ئىمان يوق ،
ۋىجدانىنىڭ يوق تېگى .
داستىخاندا بىر ئىشتاب
يوق ئۇلاردا ئەل غېمى .

« جەدىد » ① دېدى موللىلار ،
«جەدىد » دېدى بەگ ـ غوجام .
چالما كېسەك قىلىندى ،
مۇئەللىملەر موللاچام② .

www.docin.com

ھەقىقەتنىڭ نۇرى بار ،
زۇلمەتلەردە پارلىغان .
ئاركىداشلار ئۇمىدلىك ،
پەن يولىدىن يانمىغان .

1934 ــ يىلى



www.docin.com

---

* بۇ شېئىرنى پېشقەدەم مائارىپچى ، ئۇزۇن يىللىق مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇقادىر توختى ئەپەندى دەپ بەرگەن .

① جەمەت ــ يېگىلىق تەرەپدارى ، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى.

② موللاچام ــ شۇ چاغلاردا ئاپال ئوقۇتقۇچىلار موللاچام دەپ ئاتىلاتتى .

## بوٚرادەرلەر *

بوٚرادەرلەر يول كوٚرۈندى ،
يەنە غېرىب باشىمە .
تاغدا تاشلار چىقتى كوٚكلەپ ،
كوٚزدەن ئاققان ياشىمە .
پارلاق ئوٚمىد يوٚلتوٚزلىرى ،
نوٚر ساچتى يولداشىمە .
قەدەم قويدى ئىقبالىمىز ،
ئەوٚج ئىززەت تاغىگە .
يول ئېچىلدى ئەمدى بىزگە
سائادەتنىڭ باغىگە .



www. cin.com

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، توٚرسوٚن نىياز ، توٚرسوٚن زېرىدەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىلى 1 ـ نەشرى ، 145 ـ بەت .
* شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

## كۆيدۈرەيلى ئاسارەتنى

ئاركاداشلار توپلىنىپ بىز ،
دىلغا ئىلىم تولدۇرۇپ .
يۈكسىلەيلى ئەمدى ئالغا ،
خەلقىمىزنى ئويغىتىپ .

بىزگە توسقۇن قارا كۈچلەر
ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ .
كۆيدۈرەيلى ئاسارەتنى ،
ھەممىمىز تەڭ قوزغىلىپ .

1934 ـ يىل

www.docin.com



## پارچە *

«كىم كۆرمىشكە تەييارا؟» دەپ چاقىرىق قىلسا ،
سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمىڭ بىلەن «مەن» دېگىن ،
ھۆرلۈك گۈلىۈك كۆرمىشلەردە ئېچىلسا ،
«بۇ گۈللەرنىڭ باغۇەنى ـ مەن» دېمىگىن .

*1934 ـ يىلى ، ئاتۇش*



---

* بۇ پارچىنى مائارىپچى ئالاۋۇدۇن شاۋۇدۇن ئېيتىپ بەرگەن .



## قوشنىمىزنىڭ بالىسى

قوشنىمىزنىڭ بالىسى تۇردى مەمەت ،
ئەسكەرلىككە بارمىغان ھاماقەت .
مەھمۇت سىجاڭ ① كەلسە ئۇنىڭ قېشىغا ،
بولالمىغان ئۇ قىلچىمۇ ساداقەت .

ئۇ بىلمەيدۇ بۇ ۋەتەن ئاھۇسىنى ،
شۇڭا بىلمەس ئۇ يېرىدە ھەققەت .
تاڭ سەھەردىن كۈن پاتقۇچە ئۇخلىغان ،
شۇڭا ئۇنىڭ كۈنى گويا قىيامەت .

ئىزچىلار ناخشا ئېيتىپ كەلسە يېقىن ،
ئۇ كېتەر شورۇق ② تامان ، تۇركۆل ③ تامان .
لاي غەزەل ، مەزلۇم سۈپەت ئادەم دېگەن
بىزگە ئەھدەت ، يەرگە يۈك بۇ بىر نادان .

1934 _ يىلى ئاتۇش .

---

① مەھمۇت سىجاڭ — ئاپتور مەھمۇت مۇھىتىنى دېمەكچى . ئۇ 30 — يىللاردا قەشقەردە مائارىپنى ئالاھىدە قوللىغان مەشھۇر شەخس .
②③ شورۇق ، تۇركۆل — ئاتۇشتىكى كەنتلەرنىڭ نامى .

## ئېشىپ كەتتى

كۆز ئېچىپ ئەتراپىڭا باقساق ، ھەممە جاي قاراڭغۇ يەر ،
زۇلمىتى ئىچرە خەلق ھالى ئۆلۈك بەتتەر ، بەتتەر.

تاغدا ئىسيان ، چۆلدە چۇقان ئەلدە نەپرەت يوقالغان ،
ئويغىنىش ئەھلى ۋەتەن ھالىڭ خەتەر ، ھالىڭ خەتەر.

ئىنقىلاب ①ئۇچقۇنلىرى يۇلتۇز بولۇپ ئاقتى بۈگۈن،
نۇر زىياسى پارلىدى ئويغۇنۇڭ يېتەر ، ئويغۇنۇڭ يېتەر .

كۆزلىرى قانداق قىزىل ، قولىدا شەمشەر ئۆلۈك ،
بۇ زېمىنىنىڭ باغلىرىنى چەيلەپ بۈگۈن جاللات يۈرەر .

نەگە باقسام كى كۆرەرمەن نالىلەر، پىغانىنى مەن،
ھەر قەدەمدە ئاسىي ـ مۇناپىق ، خەلقىمنى پۇلغا ساتتىلەر .

كۆزۈڭنى ئاچ ئەھلى خەلق يىراق ② بىزدىن ئېشىپ كەتتى ،
بىرلىشەيلى كۈچ بولۇپ بىز ، بىزگە مەنسۇپ ئانا يەر .

1934 ـ يىلى ئاتۇش

---

①خوجىنىياز ھاجى قوزغىغان قوزغىلاڭنى كۆرسىتىدۇ — 
①خوجىنىياز ھاجى قوزغىغان قوزغىلاڭ دېھقانلار ئىنقىلابىنى دېمەكچى .
②يىراق ـــ ياۋروپا ۋە تۈركىيىنى دېمەكچى .



## قۇتۇلۇش يولىدا *

سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز ، پىدا بولسۇن بۇ جانىمىز ،
قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز .

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى ،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز .

يۇرتىمىز بىز يۈز – كۆزۈگنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق ،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكىم ئانىمىز .

يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن ،
شانۇ شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز .

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن ،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار — بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

مىلتارىست بولدى كۆم ، ياۋدىن ھەم ئەل ئامان ،
ياشىسۇن ، مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز !

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت، تۇرسۇن نىياز، تۇرسۇن زېرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىل نەشرى 142- بەتتە شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس



## كەلدى *

يەرنىڭ ئىسسىق يۈرىكىدىن تۇغۇلغان ،
ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ بەل باغلىغان ،
ئانىلارنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلىغان ،
بالىلارنىڭ غەمگۇزارى پىدائىسى كەلدى .

ئاسمىنىمىدىن كۆچۈپ كەتكەن يۇلتۇزلار ،
ئوچىقىمىدا ئۆچۈپ كەتكەن قوقاسلار ،
سايدا ياتقان تاش ئەمەستۇر ، ئۇ باشلار ،
ھۆرلۈك ئىلىپ بۇ تۇپراققا پىدائىسى كەلدى .

بۇ زامانىڭ زومىگەرى شىپاڭ ① دۈبەن ،
ئۇ يىرتقۇچ ئىت ـ تونگۇزدىن تۈرەلگەن ،
ئۇ بىزلەرنىڭ قېنىمىزدىن سەمرىگەن ،
قىلماق ئۈچۈن ئۇنى لەت ، پىدائىسى كەلدى .

بىز ئىزچىلار سىلەرگە ھەمدەم بولىمىز ،
مىڭ ياشا ، مىڭ ـ مىڭ ياشا پىدائىيلار .

www.docin.com

مەھمۇد باش، سەركەردىمىز شاھ مەنسۇر،
ۋەتەن ئۈچۈن قان ئاققۇزغان داھىيلار.

مىڭ ياشا، مىڭ — مىڭ ياشا پىدائىيلار،

.................................

1934 — يىلى



www . com

---

• بۇ شېئىرنى ئالاۋۇدۇن شاۋۇدۇن ئەسلەپ بەرگەن.

① شىڭ دۇبەن — شىڭ شىسەي

## بىز ـــ ۋەتەن ياشلىرى*

بىز ـــ ۋەتەن ياشلىرى بىز ،
يۇرتقا قۇربان باشلىرىمىز .
ساغلام كۆڭۈل ، ساپ ۋىجدان ،
بىزنىڭ يولداشلىرىمىز .

چېكىندى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن ،
جاھالەت بىرلەن زۇلمەت .
ئېچىلدى ئەمدى كۆزلىرىمىز ،
خۇراپاتتىن بولدۇق ئازاد .

بىز ـــ ۋەتەن ياشلىرى بىز ،
كۆرمىش بىلەن تاپتۇق ھايات .
ئەل قەلبىنى ئويغىتىمىز ،
ئويغىنىشتىن كېلەر نىجات .

1934 ـ يىلى ، ئاتۇش

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىيىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل نەشرى ، 144 ـ بەت .



www.docin.com

# ئالتۇن ئۆلكە *

ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە ، ئالتۇن تاغۇ تاشلارى ،
ئالتۇن رەڭدە چاقنايدۇ بۇغداي ، قوناق ئاشلارى .

ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە ، بىز پىداكار ياشلارى ،
قەدىرلەيمىز ئېرپاننى ، بىز ئىلىم يولداشلارى .

بۇ ئۆلكىمىنىڭ پەرزەنتى ھەر بىرىمىز ئارسلان ،
جەڭگە تەييار ئەرك ئۈچۈن بۇندا سانسىز قەھرىمان .

يۇرتىمىز ئالتۇن ئۆلكە ، بىز ئۇنىڭ قۇربانى بىز ،
بەخشەندە بولدى ئاگا ، قەلبىمىز ـ ۋىجدانىمىز .

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىيىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 146 ـ بەت .
* بۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .



## ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن !

ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن ، بىزمۇ شادان بولىنىڭ ①،
ئىلمۇ ئېرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىڭ .

نەچچە يىللار ئۇخلىدۇق ، كۈندۈز ئىدى قاراڭغۇلۇق ،
ئېچىلىپ ئېرپان يولى قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق .

ئەي ۋەتەن ئەۋلادى ئەمدى ئۇيقۇدىن كۆزۈڭنى ئاچ ،
ئۇتتۇشۇپ قوللارغا قول شادۇ خەندان بولىنىڭ .

ئىلمۇ ئېرپان نۇرى ئال ، مىللىتىڭ باشىغا ساچ ،
ئۆزگىدەك ، ئۆز يۇرتىمىزغا بىزمۇ سولتان بولىنىڭ .

1934 ـ يىلى ، ئاتۇش



---

① بولىنىڭ ــ بولايلى دېگەن مەنىدە .

# قوپ ، ئەي ئاداش !

قوپ ، ئەي ئاداش ئەتراپىڭغا باق ،
باق نە كۆرەرسەن ! ئويلىغىن ئۇزاق .
دەرسۇ ئىبرەتلەر كېلەر جاھاندىن ،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق .

بىر ، ئىككى ، ئۈچ ...
بىرلىكتە زور كۈچ .

ئۇلار ئىلمۇ ھېكمەتتە يۈرەر ،
سىنەسىدە كۆپ ھىممەتتە يۈرەر .
يەردە ، ھاۋادا ، سۇدا ئۈزۈرلەر ،
جۇملە جاھاننى يۇتماق ئىستەرلەر .

بىر ، ئىككى ، ئۈچ ...
بىرلىكتە زور كۈچ .

1934 ـ يىلى ، ئاتۇش



www.docin.com

## جاھالەت *

كۆكرەك كېرىپ جەڭ قىلدۇق قاراڭغۇلۇق جاھالەتكە ،
باشلاش ئۈچۈن بۇ ۋەتەننى ئاسايىشلىق ـ ئادالەتكە ،
شۇ تۈپەيلى قالدۇق مانا تۈرلۈك ـ تۈمەن ھاقارەتكە ،
ئېرىشمەيلا ھالاك بولدۇق ئارزۇيىمىز سائادەتكە ،
قولىدىن كەتتى بۇ تۇپراق ، تولدى ئېغىر ئاپەتكە .

جاھالەتنىڭ قارا تەمى ، زۇلمىتىنى تېتىدۇق ،
كۆكرەكلەرگە ئوق تەگسە ، بۇنى تېخى بىلمىدۇق ،
يىلان چاقسا يۈرەكنى «دۈشمىنىم بۇ» دېمىدۇق ،
ئۆيگە كىرگەن ئاپەتنى يەنجىپ ، بىتچىت قىلمىدۇق ،
ئېرىشەلمەي بەختكە ، قالدۇق بۈگۈن لەنەتكە .

ئۆيدىن چىقىپ قارىساق : ئاسمىنىمىز بىپايان...
بايلىقىمىز بىھېساب مىسلى دېڭىز ، بىر ئوكيان ،
ئۆزگە بىلەن كارى يوق ئۆز غېمىدە ھەر ئىنسان ،
ئانا تۇپراق ـ ئانا يەر ، ئانا ئاسمان پەرىشان ،
ئاسمان ، زېمىن ئايلاندى قورقۇنچلۇق لەھەتكە .

www.docin.com

بىر قونالغۇ ئالەم بۇ پەقەت بىرلا كېلىمىز ،
كۆزنى يۇمۇپ تۇرمايلى ئويغاق تۇرسۇن كۆزىمىز ،
ۋەتەن ئۈچۈن ، ئەل ئۈچۈن كېرەك بولسۇن تېنىمىز ،
شۇندا مىللەت ھۆر بولۇر ، روناق تاپار ئېلىمىز...
يۈز كېلەيلى ئەي دوستۇم ، بۇ ئېزىلگەن مىللەتكە !

1934 ـ يىلى

---

*بۇ شېئىرنى غۇلجا شەھەر شەرق مەھەللىسىدىكى مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام 1995 ـ يىلى ماڭا يادقا ئېيتىپ بەرگەن . لېكىن ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئەسلىيەلمىگەن . ئابدۇقادىر داموللام ئەسلى ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئۇ 1924 ـ يىلى دادىسى قەستكە ئۇچرىغان يىلى تۇغۇلغان .



## ئويغان ، خەلق *

ئويغان ، خەلق ! يۇرتۇڭنى سەن قۇتقۇزدۇر ،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىسەن ، نۇر تولدۇر .

پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت ، دەۋرى ئىستىبدات ،
شۇم تەقدىردىن ، قارا كۈندىن بول ئازاد .

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش ، ھىممەت قىل ،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشقا خىزمەت قىل .

دەس تۇر ، ئەمدى ئاتلان خىزمەت يولىغا ،
ھوما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد بېشىغا .

1934 _ يىلى ، ئاتۇش

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىيىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 _ يىل 1 _ نەشرى ، 143 _ بەت .



www.docin.com



## بىز — مۇئەللىم*

بىز — مۇئەللىم! يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يورۇق نۇرلار ساچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ھۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلەنگەي ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

1934 - يىلى، ئاتۇش

---

* سامان يولى: ھاجى ئەخمەت، تۇرسۇن نىياز، تۇرسۇن زېرىدىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 1 - نەشرى، 141 - بەت.

## ۋەتەن ئۈچۈن *

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەرمىز ،
ئارزۇيىمىز راۋاجلانسا ماتارىپ .
جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز ئۆلكىگە ،
بىزنىڭ يۈرەك زامانلارغا مۇخلىسىپ .

بولسا دىيىمىز بىزدە ھوقۇق ، ئادالەت ،
بولسا بەربات خۇراپاتلىق ، جاھالەت .
شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب ،
زاۋال تاپسۇن ، ناھەقچىلىق ، ئىختىلاپ .

پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى ،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى .
ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق ،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى .

1935 – يىلى، ئاتۇش

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زېرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 – يىل 1 – نەشرى ، 140 – بەت.

## مۇئەللىم *

زۇلمەت قاراڭغۇغا ئوت ياققۇچى مۇئەللىم ،
قارغىش تەگكۈر دۈشمەنگە ئوق ئاتقۇچى مۇئەللىم .

زۇلۇم بولغان ئىس كەبى تاراپ ئانا تۇپراقتا ،
قالدى خەلقىم زۇلمەتتە ئازاب بىلەن پىراقتا .

ھەر جايغا مەن قارىسام ئاچچىق ئەلەم نالە ـ زار ،
تېپىلمىغان زېمىندە بۇ خەلقىمگە غەمگۇزار .

ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئىچىدە قالدى خەلقىم بىگۇمان ،
ھېچبىر خوشلۇق بەرمىدى ئۆز يېرىمىز بۇ زامان .

ساۋاتسىزلىق ، يۇرتۋازلىق بۇزدى بىزنى ـ سەپداشنى ،
بىلەلمىدۇق ئادەمدەك بۇ تۇپراقتا ياشاشنى .

ھەر قەدەمدە ھەر جايدا كېرەك بىزگە مۇئەللىم ،
قۇتۇلايلى زۇلمەتتىن ئېلىپ ئۇندىن زور بىلىم .

1935 ـ يىلى ، قەشقەر .

---

*بۇ شېئىرنى مەرھۇم ئىسمىجان تۇرسۇن ئوقۇپ بەرگەن .

## مۇئەللىم *

زۇلمەت قاراڭغۇغا ئوت ياققۇچى مۇئەللىم ،
قارغىش تەككۈر دۈشمەنگە ئوق ئاتقۇچى مۇئەللىم .

زۇلۇم بۇلۇتلىرى ئىس كەبى تاراپ ئانا تۇپراقتا ،
قالدى خەلقىم زۇلمەتتە ئازاب بىلەن پىراقتا .

ھەر جايغا مەن قارىسام ئاچچىق ئەلەم نالە ـ زار ،
تېپىلمىغان زېمىندە بۇ خەلقىمگە غەمگۈزار .

ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئىچىدە قالدى خەلقىم بىلگۈمان ،
ھېچبىر خوشلۇق بەرمىدى ئۆز يېرىمىز بۇ زامان .

ساۋاتسىزلىق ، يۇرتۋازلىق بۇزدى بىزنى ـ سەپداشنى،
بىلەلمىدۇق ئادەمدەك بۇ تۇپراقتا ياشاشنى .

ھەر قەدەمدە ھەر جايدا كېرەك بىزگە مۇئەللىم ،
قۇتۇلايلى زۇلمەتتىن ئېلىپ ئۇندىن زور بىلىم .

1935 ـ يىلى ، قەشقەر .

---------------------

*بۇ شېئىرنى مەرھۇم ئىسمىنجان تۇرسۇن ئوقۇپ بەرگەن .



www.docin.com

## ئەي ئانا يەر

ئەي ئانا يەر ، كۆزلىرىڭدە ئۆمىد پارلار ھەر زامان ،
ئۆستۈڭدىدۇر گاھى تۇتۇق ، گاھى روشەن كۆك ئاسمان .

ئۆتتى تارىخ ، ئۆتتى يىللار ، ئىستىبداتلار ئۆتتى كۆپ ،
جەڭ ـ چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان .

ئەي ئانا يەر ، پاك مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز ،
سۆيگۈ ـ مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز .

جان تىكىپ چۈشتۇق كۈرەشكە ئىلىم ـ ئىرپان يولىدا ،
ئاھ ، لېكىن جاھىل گۇرۇھ بىزنى يوقاتماق كويىدا .

بەلكى باغلاپ توختىماستىن باسىمىز مەزمۇت قەدەم ،
ئەمما بىزگە باش پاناھدىن بەكمۇ لازىمدۇر ياردەم .

ئەل يوقالماي ، كەلدى سەندە جەڭدە كۆكلەپ بەرق ئۇرۇپ ،
قايىنىغان قان ، چاقنىغان تىغ بولدى دائىم يارىمىز .

www.docin.com

ئەمدى ئەلنىڭ بەختى كەلدى دەپ خۇشال بولغان ئىدۇق ،
ئۆرلىدى تەتۈر قۇيۇن ، توسالدى يول ، داۋانىمىز .

كۆپ زامان تارتتۇق نادانلىق دەردىنى ۋەيران بولۇپ ،
ئەمدى ئاچساق يېڭى مەكتەپ توسالدى ئىلىم ـ ئېرپانىمىز .

1935 ـ يىلى ، ئاتۇش





## ئىزچىلار*

بىز ئىزچىلار بىز ، قوللىرىمىز كالتەك ،
كۆزىمىز نۇرلۇق ، قەلبىمىز ساغلام .
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز ،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام .
ئۆگەن تىرىشىپ ، ياش ئىزچى باللار ،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا ،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا .
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا .
ئۆگەن ، تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار ،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

ئۆسكەن يۇرتىمىز تاغلىق ، شېغىل تاش ،
ۋەتەن غېمىدە پىدادۇر بۇ باش .
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى ،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش !

ئۆكەن ـ تىرىش ، ياش ئىزچى باللار ،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

1935 ـ يىل



---

* ۋەسامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز، تۇرسۇن زېرىدىن ،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 146 ـ بەت .

## كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ *

( 1935 ـ يىلى تەۋپىق ئاتۇشتا يولغا قويغان يېڭى مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى باشقا جايلارغا كېڭەيتىش مەقسىتىدە 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ ، ئۇلارنى پەيزاۋات ، توققۇزاق ، ئوپال ، تاشمىلىق ، يېڭىسار ، قەشقەر قا- تارلىق جايلارغا پىيادە ساياھەتكە ئېلىپ بېرىپ ، ئاقارتىش پائالـ يىتىنى قانات يايدۇردى . ئۇلار ساياھەتتىن قايتقىنىدا ئاتۇش كوچىلىرىدىن مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ ئۆتەتتى . )

سەپەر قىلدۇق ، تاغلار ئاشتۇق ،
يېڭىلىقتىن نۇرلار ساچتۇق ،
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ .

بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق ،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق ،
ئىشىمىز بىكار ھەم قالمىدۇق ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ .

www.docin.com

پىيادە چۆللەردىن ئۆتۈپ ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغىتىپ ،
كۆڭلىلىقنى قورقىتىپ ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ .

1935 ـ يىل



---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زېرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 148 ـ بەت .

## ئانا *

سېنىڭكى زۇلمەت ئىچىدە قۇياش ،
نۇرلىرىڭدىن ئالەم مەشئەت .
ھەر قەدىمىڭ بۈيۈك بىر ياشاش ،
چەكسەڭمۇ كەر جاپا ـ مۇشەققەت .

كۆرمىش ئىچىدە چوڭ قىلدىڭ مېنى ،
بىلىم بېرىپ ئۇلۇغ قىلدىڭ مېنى .
ئۈمىد ـ ئارزۇ چېچەكلىرىگە ،
ئىرادىگە ، مول قىلدىڭ مېنى.

قارغىش تەگكۈر بۇ مەينەت زامان
بىزگە خورلۇق بەرمىدى پەقەت .
بىلىم بىلەن ئاچىمىز يولنى
قەلبلەردىن تۆكۈپ مۇھەببەت !

ئوقۇدى ، ئوقۇدى ، ئوقۇدى ياشلار ،
مۇنبەت يەرگە ئايلاندى تاشلار .

سەن زۇلمەتنىڭ ئىچىدە قۇياش ،
سېنى بەختكە قىلىمەن ھاپاش .

1935 ـ يىلى ، قەشقەر



---

*بۇ شېئىرنى مەرھۇم ئالاۋۇدىن شاۋۇدۇن ئەپەندى دەپ بەرگەن .

# نېمە كېرەك ؟ *

نېمە كېرەك ؟ ئەي سەبىي باللار ،
بىزگە بۈگۈن ، قېنى ئويلاڭلار .

ئىنچىلارنىڭ قولىدا قەلەم
قەلبىدە بار تەپرىنىش — ئەلەم .

ئەگىشىڭلار ئۇلار كەينىدىن ،
ئۇلار جەڭگىۋار ، پاكتۇر غەيرىتىدىن .

بىز يۇرتلارنى ئارىلاپ كېلىمىز ،
خەلقىمىزگە بىلىم بېرىمىز.

بىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزار مەكتەپ ،
بىلىم ئېلىش — ئەڭ چوڭ ئەدەپ .

نېمە كېرەك ؟ ئەي سەبىي باللار ،
ئىنچىلارنىڭ كەينىدىن مەڭگۈ مېڭىڭلار !

1935 — يىلى ، ئاتۇش

---

* بۇ شېئىرنى مەرھۇم ئالاۋۇدىن شاۋۇدۇن ئېيىندى دەپ بەرگەن .

www.docin.com

# پارچە

سۆيسە سۆيمەن،
يەر بىلەن يەكسان بولسا.
سۆيمىسە سۆيمەيمەن،
مىسىرغا سۇلتان بولسا.

*1935 ــ يىلى ماي، ئاتۇش*



www.docin.com

## ئىلتىجا *

نە بولۇردى رەھىمە قىلساڭ بۇ خەلققە پەرۋەردىگار ،
ھۆر بولسا ئىدى مىللەت چىقار ئىدى مىڭبىر خۇمار .

نە گۇناھ قىلدۇق ساڭا بۇنچە زار ـ خار بولغىلى ،
باش كۆتۈرمەي ئۆتتى كۈنلەر تۇردۇق ئەمدى كۆز يۇمغىلى .

باستى زۇلمەت ، باستى قىسمەت يۇرتتا ئىھسان قالمىدى ،
باستى كۈلپەت ، باستى غەپلەت ، دىلدا ئىمان يانمىدى .

قىش كېتىپ كەلدى باھار ، باھاردا قۇشلار مۇزلىغان ،
نەگە باقسام سوغ چىراي ، كۆڭۈل قەلبلەر توڭلىغان .

ئىھ ، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم — پۈتكۈل ئالەمگە خۇدا ،
بىر قىلىچ بەر ماڭا ، دۈشمەن جانىدىن قىلاي جۇدا .

1935 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

---

* بۇ شېئىرنى زەينۇل ئابىدىن داموللام ئوغلى ۋارىس ئەپەندى ساقلىغان .



# پارچە

نە بىلۇر ئېرپاننى ؟
كىشىكىم كۆرمەمىش مەكتەپ ،
ئالتۇندا كۆلا كەيسە ئېشەك ،
يەنە مەركەپ ، يەنە مەركەپ .

1935 ـ يىلى ، ئاۋغۇست





## بىزنىڭ كۈنىمىز *

ئوڭ يېنىمغا باقسام قوياش بار ،
سول يېنىمغا باقسام ، تولۇن ئاي .
بىز زۇلمەتتە شۇنچە بىغەم ياتىمىز ،
قېرىنداشىم ، ئەي تۇغقىنىم ھالىڭغا ۋاي !

سېنىڭ كۆزۈڭ بۇ قىسمەتنى كۆرمىدىمۇ ؟
سېنىڭ روھىڭ بۇ ئاچچىقنى سەزمىدىمۇ ؟
شۇم سىياسەت تەننى قىيناپ ئەزمىدىمۇ ؟
ئۇخلىمىدۇق ئاچچىق يۇتۇپ بىر تالاي .

ئانا تۇپراق ، بۇ بايلىقلار ھەققىمىز ،
قولىدىن كەتكەن ئەزىز ۋەتەن خەلقى بىز .
ئۆتۈپ كەتتى بىھۇدە بۇ كۈنىمىز ،
بولۇپ قالدۇق بىر بىچارە ، بىر گاداي .

ئەس بوپ كەتتى بىزگە ئەمدى ياشىماق ،
بولسۇن قولدا ئۈمىد دېگەن بىر چىراغ .

---

* بۇ شېئىر ئېكساق باشلانغۇچ مەكتەپنىكى مەرھۇم ئىمىنجان تۇرسۇن خاتىرىسىدىن ئېلىندى . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ شېئىرنى 1936 ـ يىلى يازغانلىقى مەلۇم .

www.docin.com



## مۇبارەك ۋەتەن *

ئەي مۇبارەك ئەجدادلار يۇرتى — ۋەتەن ياشارسەن ،
پەرزەنتلەر باشىغا تېخى نۇرلار ساچارسەن .

تاغلىرىڭ ئالتۇن ، كۈمۈش ، زىلال سۇلار بويلايدۇ ،
دۈشمەنلىرىڭ بەك ئاچ كۆز ، تالىماقنى ئويلايدۇ .

ئوتلاقلىرىڭ ياپيېشىل سانسىز ماللار يايلايدۇ ،
قىمىز ئۈچۈن تاغ ئەھلى يىلقىلارنى بايلايدۇ .

ۋەتەن خەلقى ئويغانغىن ، ئاچ كۆزلۈكنى ، ئولتۇرما ،
بۇ جانىجان يۇرتۇڭنى غەپلەت بىلەن تولدۇرما .

ئەل يۇرتىغا تەر تۆكمەك پەرزەنت ئىشى ، بۇرچۇڭدۇر ،
يولغا چىققان كارۋانسەن ، ئىلىم ئېرىيان روھچىڭدۇر .

---

* ۋىسامان يولى : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 — يىل 1 — نەشرى ، [illegible] — بەت . بۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

## تەنقىد*

سىلەردە بار ئەجەپ بىر خىل ئەيىبلەر :
نەشە ، هاراق ، ئەپيۇندەك كەيپلەر .

ئويۇنلايسىلەر قىغىز ، قىمار دېگەننى ،
ئىت يېمەيدۇ سىلەر نان دەپ يېگەننى .

تەنقىد قىلدۇق ، ئەخلاقىڭىز تۈزۈلەر ،
تۈزۈلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزۈلەر .

نەشە تارتىپ رەڭگىڭىزدە هېچ قان يوق ،
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق .

توغرا مېڭىڭ ، ئۆلگە ئېلىڭ بىزلەردىن ،
ئەملى ۋەتەن بىزار بولدى سىزلەردىن .

1936 ــ يىل

---

* ۋسلمان يولىيە : هاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زېرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ــ يىل 1 ــ نەشرى ، 149 ــ بەت .

www.docin.com

## قۇتلۇق سەپەر *

ياتقان ئىدۇق ئاۋۇلدا بىز ،
ھېچ يەرنى كۆرمەي ئېزىلىپ .
كەلدۇق بۈگۈن ئەل ئايلىنىپ ،
ھەر يەردە خەلق ھالىنى بىلىپ .

بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق ،
بىھۇدە يولنى بىز ماڭمىدۇق ،
ئىشىمىز بىكار ھەم يانمىدۇق ،
ئىسيان سېلىپ ، جار سېلىپ .

ھەر جايدا ئادەم كۆپ ئىكەن ،
ھالى زەپمۇ خار ئىكەن ،
دۈشمەننى ئۇلار بىلمىگەنىكەن ،
تۇردى ئورنىدىن ئويغىنىپ .

---

* بۇ شېئىرنى زىيائۇل ئابىدىن داموللام ئوغلى ۋارىس ئەپەندى ساقلىغان . لېكىن يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

www.docin.com

## قالمىدى*

نومۇس قالمىدى ساۋۇر ھاجىدا ،
ئىمان قالمىدى سوفى ھاجىدا .
ياغنى كەم كەملەپ ، خەلقنى ئالداپ ،
ئىنساپ قالمىدى ھەسەن ياغچىدا .

چىققنى دوتەي پۇللارنى كۆزلەپ ،
يۇردى غالچىلار تىللانى ئىزدەپ .
قالمىدى ئىنساپ ھېچبىر جاھاندا ،
كاززاپلار تاشلىرى كەتتى چېچەكلەپ .



---

*بۇ شېئىرنى مۇئەللىپى داموللام ئوغلى ۋارىس ئەپەندى ساقلىغان . لېكىن يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

## ئەر بولساڭ *

كەلگىنە دوستلار ، قېرىنداشلىرىم ،
ئۇتقىن قولۇمنى ۋەتەنداشلىرىم .
بىھۇدە بولماس تۆكۈلگەن قانلار ،
ۋەتەن ئۈچۈندۇر ئاققان ياشلىرىم .

قىنىدا تۇرسا داتلىشار قىلىچ ،
كۆكرەك قەپەسىم يۈرىكىمگە پىچ .
ئەر بولساڭ ئەردەك ياشىغىن ھەر ئان ،
تىك تۇر ئۆلۈمگە ئىككىلەنمە ھىچ .

تەقدىرنى ئىنسان يارىتار ئۆزى ،
ياخشى ـ يامانىنى ئاڭغارسا كۆزى .
بەختىڭ ئاللاھتا بولسا سەجدە قىل ،
دۈشمەندە بولسا تارتىپ ئال ئۆنى .

1936 ـ يىل، نويابىر

---

* بۇ شېئىرنى مۇتەللى ئېيىندىنىڭ قىزى ئەدىبە خانىم ئېيتىپ بەرگەن ، لېكىن يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .



www.docin.com

## ئۆز يەر دېگەن*

ئەي پاسىبان ئاتىلار،
غەپلەت چېكىپ ياتماڭلار.
ۋەتەن ئۇچۇن ياشاڭلار،
ۋەتەن ئۇلۇغ ئاناڭلار.
ئۆز يېرىڭدە ياشارسەن،
ئۇندا دۇنيا تاپارسەن.
ئۆز يېرىڭگە ھىممەت قىل،
ئۆز يېرىڭگە مېھنەت قىل.
ئۆز يېرىڭدە بەختىڭ بار،
ئۆز يېرىڭدە تەختىڭ بار.
ئۆز يەر دېگەن جەننىتىڭ،
ئۇندا بولۇر قىممىتىڭ.
ئۆز يەر دېگەن ئۆز ئانا،
ئۆز يەر دېگەن پاشپاناھ.

1935 ــ يىلى ، ئاتۇش

---

*بۇ شېئىرنى ئاتۇشتىكى داڭلىق ئۆلىما مۇھەممەت داموللاھاجىم ئېيتىپ بەرگەن.



# مەكتەپ

مەبدەئى ھىلمۇ ھايا ①مەكتەپ ئىرۇر ،
مەخزەنى سىدقو ساپا ② مەكتەپ ئىرۇر .

موزلىغان دىللارنى ھەم چۈن نەۋ باھار
سەبزە خوردام ئەيلىگەن مەكتەپ ئىرۇر .

تۇم تاراقى دۇنياۋى شەيئون ھەقىر③
قائىدى راھى ھۇدا ④مەكتەپ ئىرۇر .


كۇللە مەن يەر جوكاما لەمغىل كاما ،
مەسلىكو دارى شىپا مەكتەپ ئىرۇر ⑤.

گەر باھار نۇر ئىزلىسەڭ مەكتەپلەرە ،
راھەتى ئىككى جاھان مەكتەپ ئىرۇر .

ھەر كىشى ئىلىم ئىزدەبان مەكتەپسىرى ،
قائىدى راھى ھودا مەكتەپ ئىرۇر .

ئىلمى ـ ئېرپان ئىزدىسەڭ زىندان يىراق ،
ئىلمى گۆھەر زوبىدىسى مەكتەپ ئىرۇر .

ئەي ۋەتەن ئەۋلادى ، تۇر سەن ، ياتمىغىل ،
ھەم ئەقلىنىڭ گۆھىرى مەكتەپ ئىرۇر .



---

★ «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل ، 1 ـ نەشرى ، 147 ـ بەت . بۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

① مەبدەئى ھىلمۇ ھايا — مۇلايىملىق ۋە ھايانىڭ باشلىنىشى .
② مەخزەنى سىدقۇسافا — راستلىق ۋە پاكلىق خەزىنىسى .
③ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى .
④ قائىدى راھى ھودا — توغرا بولغان باشلاشنىڭ قائىدىلىرى .
⑤ مەستلىكلەر شىپا تاپىدىغان دوختۇرخانا — مەكتەپ دېمەكچى .

www.docin.com





## دۈشمەننى سەن *

نەپرىتىڭ تېشىپ تۇرسۇن يۈرىكىڭدە ،
ئۇچراتقاندا ھەر قەدەمدە رەقىبىنى سەن .
ئۇلارغىدۇر رەھىم قىلىش بىر چوڭ گۇناھ ،
يىلان ، رەقىب باسمىچىلار ھەممىسى دۈشمەن .

دۈشمىنىڭ بار ، رەقىبلىرىڭ ئۆز ئۆيۈڭدە ،
قىلىچىڭنى بىلەپ تۇرغىن بىلىمىڭدە .
يۈركىڭ داتىم ۋەتەننى دەپ ئەل غېمىدە ،
غۇرۇر ، ۋىجدان قايناپ تۇرسۇن يۈرىكىڭدە .

ئويغان ، ئاتلان ، ئەي ئىنرچى پالۋانلار ،
ۋەتەن ، مىللەت ئۇچۇن قاينار ۋىجدانلار.

www.docin.com

* بۇ شېئىرنى مائاربىچى ئىمىنجان تۇرسۇن ساقلىغان ، لېكىن يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

## ئىسمىڭ نېمە ؟*

ئىسمىڭ نېمە ، ئەي كىچىك بالا ؟
ئوينىشىڭ كاتتا ـ كاتتا .
يوق قولۇڭدا ھەپدىيىكىڭ ①
يوق دىلىڭدا بىر تىلىكىڭ .

ئىسمىڭ نېمە ، ئەي كىچىك بالا ؟
ئەقلىڭ سېنىڭ كالتا ـ كالتا .
ئوقۇمىساڭ مەكتەپتە سەن ،
ئىشىڭ سېنىڭ چولتا ـ چولتا .

ئىسمىڭ نېمە ، ئەي كىچىك بالا ؟
ياراشمايدۇ ساڭا تالا .
مەكتەپكە بار ، يۈگۈر ، تېز يۈگۈر
بىلىم ئالساڭ ساڭا يول تولا .


1936 ـ يىلى ، ئۇستۇنئاتۇش ، ئىكساق

---

* شائىر مەتتىللى ئەپەندى 1936 ـ يىلى ماي ئايلىرىدا ئۇستازى ۋە

يېقىن مەسلەكدىشى تۇرسۇن ئەپەندىنى يوقلاپ ئۇستۇنئاتۇشقا چىققان چېغىدا « مۇسەيىنىيە مەكتىپى » يېنىدا لاي ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالىـنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، يۇقىرىقى شېئىرنى چاقچاق تەرىقىسىدە ئوقۇغان . بۇنى ئىمىنجان تۇرسۇن ئەسلەپ بەرگەن .

①ھەپتىيەك ـــ قۇرئان سۈرىلىرى بار كىچىك كىتابچە .



## قۇتۇلدۇق *

ئۆلكىمىزدە نەلەر كەچتى ئويلايلى ،
كەچمىش تارىخ دەرياسىنى بويلايلى .

مەھكۇم بولۇپ يىللار، ئايلار ئۆتتىلەر ،
مۇستەبىتلەر بىزنى ۋەيران ئەتتىلەر.

يۇرتنى چەيلەپ خالىغانچە كەزدىلەر ،
ئەلنى خارلاپ زۇلۇم سېلىپ ئەزدىلەر .

قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ ئېتىلدۇق ،
بىزلەر ئەمدى ئۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇق .

مەرىپەتنىڭ قۇياشىغا ئۇمتۇلدۇق ،
قۇتۇلدۇق بىز ، قۇتۇلدۇق بىز ، قۇتۇلدۇق .

ئەل ئويغاندى بىز غەپلەتتە ياتمايمىز ،
يۇرتىمىزنى ئەمدى ئۇنداق ساتمايمىز .

www.docin.com

قۇربانلارنىڭ قانلىرىنى ئاقلايمىز ،
يېڭىشلەردىن ـ يېڭىشلەرگە ئاتلايمىز .



---

* «ساماﻥ يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىرىددىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 143 ـ بەت .

## باللار ناخشىسى*

بىر ـ ئىككى ، ئۈچ...
بىرلىك ئۇلۇغ كۈچ .
يەنجىپ ئۆتىمىز ،
توسقۇن كەلسە دۈچ .

ئۆزىمىز كىچىك ،
تىلىمىز چۈچۈك .
دوپپىمىز ئالا ،
ئىشىمىز چالا .

ئالىمىز بىلىم ،
مەكتەپكە كىرىپ .
ئوتتۇرا يولدا
قالمايمىز ھېرىپ .

www.docin.com

خەلق مېھرىبان ،
پىدا ئەزىز جان .
تۇغۇلغان دىيار ،
ئەزىز قەدىردان .

كۈندە تۇغۇلۇپ ،
ئايدا چوڭ بولۇپ .

يىلتىمىز يايىمىز ،
بىرىمىز ئون بولۇپ .

ئۆگەنسەك بىلىم
مۇشكۇللەر ئاسان .
بۇغرا ئەۋلادى ،
يېڭىلمەس ھامان .

* * *

بىر ـ ئىككى ، ئۈچ...
بىرلىك ئۇلۇغ كۈچ .
يەنجىپ ئۆتىمىز ،
توسقۇن كەلسە دۈچ .

1936 ـ يىلى

www.docin.com

---

* بۇ شېئىر ئۇستۇنئاتۇش ئىكساق ھۆسەينىيە مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مەشئەل» ژۇرنىلىنىڭ 109 ـ بېتىدىن ئېلىندى . بۇ شېئىرنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىنىچىسى ئەشرەپ نىياز ئەسلەپ بەرگەن .



## بۈگۈن *

قاراڭغۇلۇقلار ، قارا زۇلمەتلەر ،
قارا پەردىلەر يىرتىلدى بۈگۈن .
ئۇلۇغ ۋەتەننى ۋەيران ئەيلىگەن
ياڭ ، جىن ① زالىملار يوقالدى بۈگۈن .

ئەسىرلەر بويى تەڭسىزلىك بىلەن
ئۆتكە بەند بولدى ئۆمرىمىز .
مەرىپەت گۈلى ئېچىلىپ بۈگۈن ،
چۆمدى شادلىققا غەمكىن كۆڭلىمىز .

1936 ـ يىلى ، نورۇز ئېيى

---

* «بۈگۈن» سەرلەۋھىلىك مەزكۇر شېئىرنى مەمتىلى ئەپەندى ئەينى يىللاردىكى مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان «چوكانلار سىنىپى» ئوقۇغۇچىلىرىغا يېزىپ بەرگەن بولۇپ ، ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ئىزچى يولداشلارنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان .

① ياڭ ، جىن — ياڭزېڭشىن ۋە جىن شۇرېننى كۆرسىتىدۇ .


## ئۈمىد *

ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەكتىم جۇدالىق تۇستى بەختىمنى ،
كۆڭۈل بەرسەم نادانلارغا چۈشەنمەي كەتتى قەلبىمنى .

تاپارمەن قايسى شادلىقنى ئۈزۈلمەي بۇنچىلا خارلاپ ،
پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىش ئەمدى نە قىلاي زارلاپ .

ھاياتقا ئىشەنچىم باردۇر ، ياشاشنىڭ يوللىرى بىرلا ،
كۆرمىش قىلماقنى ئىستەيمەن ، ماڭاكى باش پاناھ — ئاللاھ .

ئۈمۈرنىڭ كۆكىدە نۇرلۇق ئۈمىدنىڭ يۇلتۇزى ئۆچمەس ،
بۇ جېنىم بولسىلا تەندە ، ئىرادەم تۈزۈماس — تۈگىمەس .



---

* بۇ شېئىرلىرى ئانۇش مەشئەلنىڭ دېمىي ئۆلىما زېينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى ئۆزىنىڭ ئوغلى ۋارىس ئەپەندىگە قالدۇرۇپ كەتكەن . ئۇشبۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .



www.docin.com

## سۈت ئۆيىقۇدا *

يىراقلارغا سەپەر ئەتتىم مىللىتىمنىڭ شادلىقىنى ئىستەپ ،
رىيازەتكە بېرىپ بەرداش مەرىپەت نۇرىنى كۆزلەپ ،
سامالارغا باشقا ئەل ـ يۇرتلار كېتىپتۇ ھەسسىلەپ ئۆرلەپ ،
مېنىڭ خەلقىم سۈت ئۆيىقۇدا ، بىز سۈت ئۆيىقۇدا .


نېمە كۈن بۇ بىر بىزگىلا كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەم ،
شېڭ① دېگەننىڭ پەرمانى بىزنى ئەزدى ھەر قەدەم ،
بۇ خۇنخورلار ئوچىقىدا كۆيۈپ كەتتى كىتاب ـ قەلەم ،
مېنىڭ خەلقىم سۈت ئۆيىقۇدا ، بىز سۈت ئۆيىقۇدا .

باشقا چۈشكەن زۇلمەتنى كۆرمىدى ھېچ بىر كىشى ،
دەريا ـ دەريا ئاققان سۇلار ۋەتىنىمنىڭ كۆز يېشى ،
بايلىقلارنى بۇلاپ ئالدى ، بىزگە قالدى ساي تېشى ،
مېنىڭ خەلقىم سۈت ئۆيىقۇدا ، بىز سۈت ئۆيىقۇدا .

ئەزىنىم ياڭرىسا كۆكتە ئاڭلىغىلى ئادىمىم بارمۇ ؟
نۇر قۇياشىم پارلىغىلى ئۆز ئالىمىم بارمۇ ؟

سۆزلىرىمنى بۇ مىللەت كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلارمۇ ؟

مېنىڭ خەلقىم سۈت ئۇيقۇدا ، بىز سۈت ئۇيقۇدا .



www.docin.com

---

* بۇ شېئىرنى ماتارىيچى ئەممىجان تۇرسۇن ساقلىغان. لېكىن يې‑زىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس .

①شېبىڭ ــ شېبىڭ شىمەينى كۆرسىتىدۇ .

## دوستلار *

دوستلار ، دوستلار ، قەدىردان دوستلار ،
نېچۈن ئاڭلايمەن دائىم شۇم خەۋەر .
يوللار ، يوللار سوزۇلغان يوللار ،
قەبرىستاندىن قەبرىستان قەدەر .

ياشلار ، ياشلار ئاققان شۇ ياشلار،
دەريا بولۇپ قانغا ئايلىنىپ .
قانلار ، قانلار تۆكۈلگەن قانلار ،
تۆكۈلمىگەن ئالەم يارىلىپ .

بىزگە نۇر بوپ كۆرۈنگەن يەردە
يەتتە باشلىق باركەن جادۇگەر .
بارغانلاردىن يانمىدى ھېچكىم ،
بارمىساقمۇ ، ئوخشاش باش كېتەر !

---

* ئۇشبۇ شېئىرنى تارىخچى ، شائىر ئابدۇرەھىم تۇختى دەپ بەرگەن .



www.docin.com



## لەنەت ساڭا ، لەنەت خائىنلار*

سەن تۇپراقنىڭ يارالغان ئەمەس ،
شۇڭا ئۇنى بىلمەيسەن بۈيۈك .
سەن دۈشمەننىڭ قويىنىدىكى مەست ،
تېنىڭ سېسىق ، روھىڭدۇر ئۆلۈك ،
لەنەت ساڭا خائىن ئىت ــ كۈچۈك .

سەن خەلقنىڭ چەتنىگەن بىر پەس ،
قەلبىڭدە يوق ۋىجدانلىق يۈرەك .
قەدىمىڭدە سېتىش ــ چېقىش بار ،
ئادەم يوقتۇر سېنى سۆيگۈدەك ،
لەنەت ساڭا دۈشمەن ئىت ــ كۈچۈك .

لەنەت ساڭا ، لەنەت خائىنلار ،
لەنەت ساڭا ئەلدىن ــ ۋەتەندىن .

ئەل قېنىنى ئىچىپ ياتقانلار ،
مۇناپىقلار ۋەتەن ساتقانلار .

www.docin.com

لەنەت ساڭا ، لەنەت سىياسەت ،
لەنەت ساڭا ساختا ھەقىقەت .

1937 ـ يىلى



---

★ بۇ شېئىرنى مائارىپچى ئابدۇقادىر تۇختى ئەپەندى يادقا ئېيتىپ بەرگەن .



# تۈرمە خاتىرىسى*

1

نەچچە يىل كەزدىم ، بۇ دىيارى غۇربەتنى ،
كۆرمىگەندىم مۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتنى .
ئاقىۋەت كېلىپ ئەلگە ، قىلىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت ،
مۇكاپات تۈرمىدە ئالدىم بۇ ئازارى كۈلپەتنى .

ئاقىتىم ئاق بولدى بۈنەمكى خەلقىنىڭ نىدايىدىن ،
قۇلاقلىرىم كاس بولدى كىشەنلەر سادايىدىن .
ئېغ ، بىچارە مەزلۇملار ! گۇناھى زادى نىمە ؟
بىر ماگدامچە يەر تەگمىش بۇ ۋەتەن پاناھىدىن .

روھىم ئەجەب قىسىلدى يالغۇزلۇقتا ، تۈنەگۈندا ،
ساتقىلىرىم ئۆتمەكتە كىشەنلىنىپ زۇلمەتتە .
يېشىم ئوتتۇز ئالتە ياش تاشتىن بەتتەر قاتتى باش ،
ئادا بولار ئۇخشايمەن بۇ خىل قايغۇ ـ ھەسرەتتە .

2

تۈتقۇن بولدى بۇلبۇللار يۇرتنى بۇلغىدى قاغا،

www.docin.com



كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر بىر كۈنى ئېسىلۈر دارغا .

بۇ قاراڭغۇ يىللاردا تاپالمىدىم ئادالەت ،
ئادالەتكە ئىنتىلسەم ، قولغا ئالدى سىياسەت .

خەلقىم ئۈچۈن ئىشلىسەم ـ يەن تەرەققىيات ئىستىدىم ،
نىيىتىم ساپ ، دىلىم ئاق ، ئۆتكۈزمىدىم جىنايەت .

قادىر ھاجى كىرىپ كەلدى يېنىدا گۈندىپاي ئالتە ،
ھەقىقەت نە ، ئادالەت نە ، بىلمەيدۇ ئەقلى بەك كالتە .

كىشەن قىستى سېنى تەۋپىق ، قىلىما زەررىچە پەرياد ،
يىدا قىل جاننى سەن ئەمدى ، بېشىڭغا كەلدى بۇ ئەرسات .

ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر ،
كۈندە مۇشتۇمدەك كېسەك ، خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر .


خۇدا بىلۇر بالىلىرىم قالدى دادۇ پەريادتا ،
دېرىككىمنى ئالالماي سەرسان بولۇپ ھەر ياقتا .



www.docin.com

ئەل خائىنى مەمتىمىن ① ئىچى قارا مۇناپىق ،
ھۆكۈمەتكە ئۈستۈمىدىن خەۋەر بېرىپسەن ساختا .

1937 ـ يىلى ماي ، قەشقەر ، يارباغ تۈرمە



---

* ۋسامان يولىدە : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زېرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 149 ـ بەت .

① خائىن مەمتىمىن — ئەسلى ئاتۇشلۇق مەشھەت دېگەن يېزىدىن . بۇ يەردە 1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللىرى شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن خەلق دۈشمىنى — مەمتىمىن ئاق كىرپىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

## ئېرپان كۈنلىرى*

تۇغدى بۇ يۇرتقا ئېرپان كۈنلىرى ،
پۈتتى ناداتلىق، زۇلمەت تۈنلىرى .
سايرا ، ۋەتىنىمنىڭ شوخ بۇلبۇللىرى ،
ئېچىلدى ساڭا ئىلىم يوللىرى .

يېمىرىلمەكتە دەۋرى ئىستىبدات ،
خۇراپاتلىقتىن بولغىن سەن ئازاد .
بىلگىن غەنىمەت ئالتۇن چاغلارنى ،
قىل ئېرپان بىلەن يۇرتۇڭنى ئاباد .

---

* «سامان يولى» : ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن نىياز ، تۇرسۇن زىرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 145 ـ بەت .



## قايىندى

ئەلدە زورلۇق ، ئەلدە خورلۇق دىلدا ۋىجدان قايىندى ،
ئەل ۋەتەن ئاچچىق كۆزىنى ئەلدە داستان قايىندى.

لەنىتى باسمىچىلار قىلدى ۋەتەننى مۇنقەرىز ،
ئويغىنىپ ئاغۇدىگىز ، يەرۇئاسمان قايىندى .

لەختە ـ لەختە قان بولۇپ ئاقتى تۇمەننىڭ سۇلىرى ،
سۇلىرىدا ھەسرىتى ... ئۇندا قىيان قايىندى .

نە بولۇرلەر تۈن ئىچىدە بۇ غېرىب ـ مىسكىن شەھەر ؟
يوللىرىدا نالە ـ زارۇ كۆكتە چۇقان قايىندى .

ئەي تەۋپىق ، سەن ۋەتەننىڭ ئوغلانىسەن ،
ئەمدى ئاتقا مىن ! بۈگۈن يۈرەكتە قان قايىندى .

ماتارىپ بىلەن ، پەن بىلەن .... سەن ۋەتەننى قۇتقۇلدۇر ،
خورلۇقلارغا كۆنمىگەن ئەلدە ئاۋام قايىندى .

1937 ـ يىلى يانۋار ، قەشقەر





# بۇدە كېتەر

نې نەغمە؟ بۇدە كېتەر،
ئويلىما ھېچ! بۇدە كېتەر.
تازا بول، قورقما، چېلىش،
زادى ھايات بۇدە كېتەر.
ئۆلمەيمەن، ھايات قالسام
بۇمۇ ھەم تۈگەپ كېتەر.

1937 ـ يىلى ئاپرېل





**ئەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:**

ئاتۇشتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى يېڭى مەكتەپ — «ھۈسەينىيە» مەكتىپى بۇ قەدىمىي دىيارىمىزغا يېڭى مائارىپنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى، ئۈندۈردى، مېۋىلەتتى. بۇ مەكتەپ خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىدىكى نادانلىق، قاششاقلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپتى.

«ھۈسەينىيە» مەكتىپى ئىنتايىن چىرايلىق نەمۇنە سۈپىتىدە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش مائارىپتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىنى تۇنجى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كۈچلۈك ئاساس سالدى، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

ئاتۇشتا باشلانغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگەكى، زاۋاللىق بىلەن ئىجاتلىق، چېكىنىش بىلەن ئىلگىرىلەش، نادانلىق بىلەن مەرىپەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش سەھىپىلىرى بىلەن تولغان تارىخ — ساناقسىز ئاقارتقۇچىلار پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئۇنتۇلماس تارىخ! بۇلارنى ئەسلىگەندە بىز ئۇلارنىڭ شانلىق ۋە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىش - ئىزلىرىغا مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

مەن بۇ مەرىپەتپەرۋەر، خەلق سۆيەر كىشىلىرىمىزنىڭ ھاياتى

ۋە ئىش پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئون يىلدىن بېرى ئىزدىنىپ ما-
تېرىيال توپلىدىم . بۇ جەرياندا بەزىبىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ
كەلگەن بولساممۇ ، ئاشۇ كىشىلىرىمىزنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە
يېقىن سەپداشلىرىدىن ئىمىنجان تۇرسۇن (ئاتاقلىق مائارىپچى ،
شائىر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى) ، ئالاۋۇدۇن شاۋۇدۇن ، قادىر
ئەپەندى ، مىرئەخمەت سىيىت قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ سەمىمىي
قوللىشى بىلەن ھەقىقىي پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم .
مەن بۇ ماتېرىياللار ئارقىلىق تۇنجى قەدەمدە ئۇيغۇر يېڭى مائارى-
پىنىڭ ئۇلكارى بولمىش ئاكا - ئۇكا مۇسابايوپلارنىڭ ھايات پائالى-
يەتلىرى ئەكس ئەتكەن «باۋۇدۇنباي» ناملىق رومانىنى يېزىپ
چىقتىم .

مەن ئىككىنچى قەدەمدە ئۇلۇغ شائىر ، ئاتاقلىق كومپوزىتور ،
قابىلىيەتلىك تەشكىلاتچى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى
يىغىپ رەتلەشكە كىرىشتىم . بۇ جەرياندا مەتبۇئاتلاردا تېخى ئېلان
قىلىنمىغان ، لېكىن خەلقنىڭ يۈرەك قېتىدا ساقلىنىپ قالغان
شېئىرلاردىن يىگىرمە نەچچە پارچىنى ئىزدەپ تاپتىم . بۇ شېئىرلار
مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ قوللى-
غۇچىسى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىمىنجان تۇرسۇن ،
ئالاۋۇدۇن شاۋۇدۇن ، ئابدۇقادىر توختى ، ئابدۇقادىر داموللام ، ۋارىس
مەۋلۇۋى قاتارلىق كىشىلەردە ساقلىنىپ قالغانىكەن . بۇ شېئىرلار



تېپىلغاندىن كېيىن ، بىر نەچچە يىل چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئىزدەپ تاپتىم . شائىر قۇربان بارات ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى مىرئەخمەت سېيىت قاتارلىق يولداشلار نەشرگە تەييارلاپ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغان مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىدىن پايدىلىنىپ ، قولىمىزدىكى بۇ «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى» نى نەشرگە تەييارلىدىم .

بۇ شېئىرلار بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك مىراس .

شېئىرلارنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ئەسلى شېئىرلاردىكى قىسمەن سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرىلاندى . يەنە بىر قىسمى ئەينى زاماندىكى سۆز ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە شېئىرلاردىكى قاپىيە ئېھتىياجى بويىچە ئەينەن ئېلىندى . شېئىرلاردا قىسمەن ئۆزگىرىش ياكى سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن . يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنىڭ بىر قەدەر ئېنىق ۋاقتى بار بولسىمۇ ، يەنە بىر قىسمىنىڭ ۋاقتى ئېنىق ئەمەس ، بۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش كېرەك ، دەپ قارايمەن ، تەتقىقاتچى ۋە پايدىلانغۇچىلارنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى سورايمەن .

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

1998 ـ يىل، دېكابىر

# پايدىلانمىلار

♥«سامان يولى»: تۇرسۇن نىياز ، ھاجى ئەخمەت ، تۇرسۇن زىرىدىن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ــ يىل 5 ــ ئاي ، 1 ــ نەشرى .

♥«ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار» : مىر-ئەزىم ، شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1988 ــ يىل 5 ــ ئاي ، 1 ــ نەشرى .

♥«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر» : ئىمىنجان ئەخمىدى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1996 ــ يىل 4 ــ ئاي ، 1 ــ نەشرى .

♥«بۇلاق» مەجمۇئەسى ، 1981 ــ يىللىق 3 ــ سان .

♥«مەشئەل» ــــ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پەننىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان مەخسۇس سان ، 1985 ــ يىل 9 ــ ئاي ، 1 ــ بېسىلىشى .

♥«ئۆمۈر داستانى» : سەيپىدىن ئەزىزى، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 ــ يىل 11 ــ ئاي ، 1 ــ نەشرى

www.docin.com



www.docin.com

ISBN 7-228-05749-X

ISBN 7- 228- 05749- X
I·2120(民文) 定价:10.00 元